# ئاللاھ مەندىن بۇرۇنقى ئۈممەتكە ئەۋەتكەن ھەر قانداق پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىن سۈننىتىنى تۇتۇپ، بۇيرىقىغا ئەگىشىدىغان ھەمراھلىرى ۋە ياردەمچىلىرى بولدى، ھەقىقەتەن ئۇلاردىن كېيىن قىلمايدىغانني سۆزلەيدىغان، بۇيرۇلمىغاننى قىلىدىغان كىشىلەر پەيدا بولىدۇ

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ مەندىن بۇرۇنقى ئۈممەتكە ئەۋەتكەن ھەر قانداق پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىن سۈننىتىنى تۇتۇپ، بۇيرىقىغا ئەگىشىدىغان ھەمراھلىرى ۋە ياردەمچىلىرى بولدى، ھەقىقەتەن ئۇلاردىن كېيىن قىلمايدىغاننى سۆزلەيدىغان، بۇيرۇلمىغاننى قىلىدىغان كىشىلەر پەيدا بولىدۇ، كىم ئۇلار بىلەن قولى ئارقىلىق جىھاد قىلسا، ئۇ مۆمىندۇر، كىم ئۇلار بىلەن قەلبى ئارقىلىق جىھاد قىلسا، ئۇ مۆمىندۇر، كىم ئۇلار بىلەن تىلى ئارقىلىق جىھاد قىلسا، ئۇمۇ مۆمىندۇر، ئۇنىڭ كەينىدە قىچىنىڭ ئۇرۇغچىلىكمۇ ئىمان يوق»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى ئۈممەتكە ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىن ئۆزىدىن كېيىن خەلىپىلىككە يارايدىغان، يولىنى تۇتۇپ، شەرىئىتىگە ئەگىشىپ، پىرىنسىپى بىلەن ئىش قىلىدىغان تاللانغان، ئىخلاسمەن ياردەمچىلىرى بولغان، كېيىن بىرىلمىگەن نەرسى بىلەن تونۇلىدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر پەيدا بولىدۇ، يەنى: ئۇلار ئۆزلىرىنى ماختىلىدىغان سۈپەتلەردىن بىرى بىلەن كۆرسىتىدۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇلار ئۇنداق ئەمەس، شەرىئەتتە كەلمىگەن، بۇيرۇلغان ئىشقا خىلاپ يامان ئىشلارنى قىلىدۇ. يامانلىقنى يوقىتىش ئېھتىياجى تەلەپ قىلغاندا ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق بۇزغۇنچىلىق پەيدا بولمىغاندا، ئۇلار بىلەن قولى ئارقىلىق كۆرەش قىلغان كىشى ئىيمانى مۇكەممەل كىشىدۇر. يامانلىقنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى توسيالايدىغان كىشىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، تىلى بىلەن كۆرەش قىلغان كىشى مۆمىندۇر، يامانلىقنى يوقىتىشتا ئاللاھدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن قەلبى ئارقىلىق كۆرەش قىلغان كىشىمۇ مۆمىندۇر، يامان ئىشنى قەلبى بىلەن ئۆچ كۆرۈشنىڭ كەينىدە قىلچە ئىمان بولمايدۇ

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3480